# ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

**ئومۇمىي مالىيە كىرىمى:** مەركەزگە يوللىنىدىغان تۆت خىل باج كىرىمى، يەرلىك مالىيە ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى، ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

**ئومۇمىي كىرىم:** ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى (ھۆكۈمەت فوندى كىرىمى)، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ ياردىمى كىرىمى، زايومنىنى قەرىز بېرىشكە ئۆزگەرتىش كىرىمى، يۆتكەپ كىرگەن مەبلەغ، ئالدىنقى يىلى ھېسابقا ئاغدۇرۇلغان قالدۇق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مەركەزگە يوللىنىدىغان تۆت خىل باج كىرىمى:** قوشۇلما قىممەت بېجى (50 %)، ئىستېمال بېجى (100 %) ، كارخانا تاپاۋەت بېجى (60 %)، شەخسلەر تاپاۋەت بېجى (60%)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى:** ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مالىيە تۈزۈلمىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە يەرلىكنىڭ خامچوتىغا كىرگۈزۈلىدىغان، يەرلىك خەزىنىگە بىۋاستە تاپشۇرۇلىدىغان دائىملىق مالىيە كىرىمىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت قوشۇلما قىممەت بېجى، كارخانا تاپاۋەت بېجى، شەخسىي تاپاۋەت بېجىنىڭ يەرلىك بەھرىمەن بولىدىغان قىسمى، تىجارەت بېجى، بايلىق بېجى، شەھەر ئاسراش قۇرۇلۇشى بېجى، شەھەر-بازار يەرلىرىنى ئىشلىتىش بېجى، يەر خېتى بېجى، تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەش بېجى قاتارلىق باج كىرىمىنى ۋە مەخسۇس كىرىم، مەمۇرىيلىق ھەق كىرىمى، جەرىمانە - مۇسادىرە كىرىمى، دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى

كىرىمى، دۆلەت بايلىقى (مۈلكى) نى ھەقلىق ئىشلىتىش كىرىمى، باشقا كىرىمى قاتارلىق باجدىن باشقا كىرىم كونكرېت ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

باج كىرىمى: دۆلەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا تايىنىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە، ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ھەقسىز ئالىدىغان بىر تۈرلۈك مالىيە كىرىمى. باج ئەزەلدىن دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: قوشۇلما قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى، تىجارەت بېجى، كارخانا تاپاۋەت بېجى، شەخسىي تاپاۋەت بېجى، ئۆي - جاي بېجى، ماركا بېجى، شەھەر- بازار يەرلىرىنى ئىشلىتىش بېجى، يەر قوشۇلما قىممەت بېجى، تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەش بېجى، يەر خېتى بېجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باجدىن باشقا كىرىم: كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، باجدىن باشقا كىرىم ھۆكۈمەت قانۇنلۇق تەرتىپ ئارقىلىق ئېرىشكەن باجنى ھېسابقا ئالمىغاندىن باشقا بارلىق كىرىمنى كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ باجدىن باشقا كىرىمنى باشقۇرۇش دائىرىسى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: مەمۇرىي- كەسپىي ھەق ئېلىش، ھۆكۈمەت فوندى، لاتارىيە جامائەت پاراۋانلىق پۇلى، دۆلەت ئىلكىدىكى بايلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىش كىرىمى، دۆلەت مۈلكىنى ھەقلىق ئىشلىتىش كىرىمى، دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى پايدىسى جەرىمانە- مۇسادىرە كىرىمى، ھۆكۈمەت نامى بىلەن قوبۇل قىلىنغان ئىئانە كىرىمى، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ مەركەزلىك كىرىمى، ھۆكۈمەت مالىيە مەبلىغى ئۆسۈمى كىرىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەرزلەرنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش كىرىمى: ھۆكۈمەت قەرز كىرىمى دېگەنلىك ھۆكۈمەت قەرزدار سالاھىيىتى بىلەن، ئالغاننى قايتۇرۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئېرىشكەن مەبلەغ مەنبەسى بولۇپ، بىر خىل ھەقلىق شەكلىدىكى، غەيرىي دائىملىق مالىيە كىرىمىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان كىرىم: تۈزۈلمە بويىچە دۆلەت خەزىنىسىدىن شۇ دەرىجىلىك خام چوت كىرىمى ئىچىدىن بىۋاستە يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان پۇل ، تۈزۈلمە بويىچە راسچوت قىلىپ يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزىدىغان مالىيە پۇل ۋە ھەر خىل مەخسۇس تۈردە يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزىلىدىغان پۇل . «يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزۈش» نى «يۇقىرىغا تاپشۇرۇش» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ .

مۇتلەق چىقىم: ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر چىقىم. جۈملىدىن خادىملار چىقىمى، ئاساسىي يۈرۈشتۈرۈش چىقىمى، مائارىپ چىقىمى، داۋالاش سەھىيە چىقىمى، ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى، مۇقىملىقنى قوغداش چىقىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەلق تۇرمۇشى چىقىمى: «خەلق تۇرمۇشى چىقىمى» جامائەت مالىيەسىنىڭ مەلۇم باسقۇچتىكى يولغا قويۇلۇش ئىدىيەسى ياكى ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، جامائەت مالىيە چىقىمى قۇرۇلمىسىنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ساھەلەرگە مايىللىشىشى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، «خەلق تۇرمۇشى چىقىمى» يەنى پۈتكۈل مالىيە چىقىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا، تۈزۈم ئارقىلىق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مائارىپ، سەھىيە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش،

تۇرالغۇ كاپالىتى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان، ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى يېتەكلەيدىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان چىقىمنى كۆرسىتىدۇ.

**ئومۇمىي چىقىم مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:** ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمى (ھۆكۈمەت فوندى چىقىمى)، زايومنىڭ دىرىنى قايتۇرۇش چىقىمى، مەخسۇس يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان چىقىم، چىقىمنى تەڭشەش مەبلىغى، تۆۋەنگە ياردەم بېرىلگەن چىقىم .

**ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمى:** يەرلىك خام چوتقا كىرگۈزۈلگەن دائىملىق مالىيە چىقىمىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئادەتتىكى جامائەت مۇلازىمىتى، دۆلەت مۇداپىئەسى، جامائەت بىخەتەرلىكى، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ۋە تارقىتىش ۋاستىسى، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش، مۇھىت ئاسراش، شەھەر ـ يېزا مەھەللە ئىشلىرى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، قاتناش ترانسپورت، بايلىق چارلاش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، ئۇچۇر قاتارلىق ئىشلار، سودا مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىشلار، پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلار چىقىمى، يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇش چىقىمى، دۆلەت زېمىنى، ھاۋارايى ئىشلىرى، تۇرالغۇ كاپالىتى چىقىمى، ئاشلىق، ماي ماددىي ئەشيالارنى زاپاس ساقلاش ـ باشقۇرۇش ئىشلىرى، زاپاس خىراجەت، زايومنىڭ دىرىنى ۋە ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش چىقىمى ۋە باشقا چىقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەبلەغنىڭ مەنبىيى شۇ يىلى يەرلىكنىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغان مالىيە كۈچى

بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان چىقىم، ئالدىنقى يىللىق قالدۇق، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ ۋە مەركەز يۆتكىمە چىقىم ياردىمى شۇنداقلا مەخسۇس قوشۇمچە ياردەم مەبلىغىدىن شەكىللەنگەن مالىيە چىقىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

**هۆكۈمەت فوندى كىرىمى:** دۆلەت جەمئىيەتتىن ئېلىش شۇنىڭدەك يەرنى سېتىش، لاتارىيە بېلەتى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېرىشكەن كىرىمنى كۆرسىتىدۇ.

**هۆكۈمەت فوندى چىقىمى:** فوندىنى ئىشلىتىش ئورنى بويىچە، هۆكۈمەت فوندى چىقىمىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: 1) قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش. 2) سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش . 3) شەھەر ئاسراش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش . 4) مائارىپ، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلار تەرەققىياتىغا ئىشلىتىش . 5) ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىش . 6) ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش . 7) باشقا جەھەتلەرگە ئىشلىتىش .

**ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى كىرىمى:** هۆكۈمەت باشقۇرىدىغان ئاساسلىقى كارخانا، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەق تاپشۇرۇپ غەملەيدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت پىلانى، ئۇنىڭدىكى ھەق تاپشۇرۇش كىرىمى هۆكۈمەتنىڭ مۇھىم مالىيە كىرىمىدۇر . نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى كىرىمى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىغاندا، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندى كىرىمى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندى كىرىمى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندى كىرىمى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى فوندى كىرىمى ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى فوندى كىرىمىگە ئايرىلىدۇ.

**ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى چىقىمى:** ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىدىن چىقىم قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چىقىملار، جۈملىدىن ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندى چىقىمى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندى چىقىمى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندى چىقىمىنى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى فوندى چىقىمى، تۇغۇت سۇغۇرتىسى فوندى چىقىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى:** ھەق تاپشۇرغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەر سۇغۇرتا ھەققى تۈپ سانىنىڭ مەلۇم نىسبىتى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم تاپشۇرغان كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى قاتارلىق كىرىملەرنى كۆرسىتىدۇ.

**دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى كىرىمى:** دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى كىرىمى ـ ـ ـ دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ھېسابات ئېنىقلاش قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن مالىيە خامچوت كىرىمىنى كۆرسىتىدۇ، دۆلەت كارخانىلىرى، دۆلەت شېرىكسىز شىركىتى قانۇن بويىچە تاپشۇرغان باجدىن كېيىنكى ساپ پايدىسى، دۆلەت پېيى كونترول قىلغان، پاي قوشقان كارخانىلارنىڭ تەقسىمات قىلغان دۆلەت پېيى پايدىسى ھەمدە كارخانىلارنىڭ دۆلەت مۈلكى ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمى ۋە كارخانىنىڭ راسچوت ساپ پايدىسى ئىچىدە دۆلەتكە تەگكەن قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ باجدىن باشقا كىرىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.